# خوتەندە يېزىلغان يەنە بىر قىسىم تەزكىرىلەر

[تەييارلىغۇچىنىڭ ئىلاۋىسى]

ئۇيغۇر تارىخىدىكى تەزكىرىلەر ئۆز مەنىسىگە مۇۋاپىق ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خاتىرىسى بولۇشتەك ئەمەلىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتىكى زۆرۈر مۇنوگرافىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان خوتەندە يېزىلغان تەزكىرىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. «خوتەندە يېزىلغان تەزكىرىلەر» دېگەندە، بىرىنچىدىن، خوتەنلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خوتەنگە ئائىت تەزكىرىلەر؛ ئىككىنچىدىن، باشقا يۇرتتىن بولسىمۇ ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى خوتەندە ياشىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خوتەنگە ئائىت تەزكىرىلەر؛ ئۈچىنچىدىن، بىۋاستە خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ خوتەنلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ياكى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان تەزكىرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ھازىرغىچە مەلۇم بولغان، ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىن تويلانغان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىگە ئىشىنىمىز. تەزكىرىلەرنى تونۇشتۇرۇشتا يېزىلغان (كۆچۈرۈلگەن) ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

«تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى». ئاپتورى: مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىرىددىن قاراقاشى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلغانلىقىنى، ئاپتورنىڭ يەنە بىر چوڭ ئەسىرى «مەجمۇئەتۇلئەھكام» نىڭ ھىجرىيە 1127 - يىلى (مىلادىيە 1715 -، 1716 - يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1700 — 1720 - يىللار ئەتراپىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەردە يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى


ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارىم ۋادىسىغا كېلىپ سوپىزىم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق پائالىيەتلىرى، تەسەۋۋۇپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرقايىسى جايلاردا مۇرىت توپلاش جەريانلىرى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاقنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. تارىختىكى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدىن بىرقانچە بەت يوقالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى 318 بەت، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

«كارۋان بۈيۈك تەزكىرىسى». ئاپتورى: داموللا مۇھەممەد كامالى. داموللا مۇھەممەد كامالى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گۇما بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ياشىغان ئۆلىما، تارىخچى بولۇپ، «كارۋان بۈيۈك تەزكىرىسى» دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئەسىرىنى 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. يېزىلغان ۋاقتى: ھىجرىيە 1160 - يىلى (مىلادىيە 1747 - يىللىرى).

قىسقىچە مەزمۇنى: كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر زور ھەجىملىك كىتابتا ھازىر «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەدىمكى قۇرۇقلۇق يولىنىڭ باش - ئاخىرى، تارىختىكى ناملىرى، يول ئۈستىگە جايلاشقان يۇرتلار ۋە خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

بۇ كىتاب قوليازما ھالىتىدە 1952 - يىلىغىچە ئاپتورنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولسىمۇ، شۇ يىللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

«نەسەبنامەئى ئان ھەزرەت». ئاپتورى: نامەلۇم. خوتەننىڭ سولبا كەنتىدە مەلۇم بىر خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان بولسىمۇ، خەتتاتنىڭ كىملىكى، قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم

ئەمەس. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، 260 بەت، قولىيازما.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئاساسلىق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبنامىسى بايان قىلىنغاندىن باشقا، ھەكىم سەنائىنىڭ بىر شېئىرىي ھېكايىسى، خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدا ياشىغان ئەسلىي بۇخارالىق سەيىدجالالىدىن ئىسىملىك بىر زاتنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1230 - يىلى (مىلادىيە 1814 -، 1815 - يىللىرى) خوتەندە ۋاپات بولغانلىق ھېكايىسى قوشۇپ قويۇلغان.
بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 2524 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.
«تەزكىرەئى ھەبىبۇللاخان غازى». ئاپتورى: نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە خوتەندە ئۆتكەن ھاجى ھەبىبۇللاخاننىڭ شەخسىي تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1278 - يىلى (مىلادىيە 1862 -، 1863 - يىللىرى) خوتەن خەلقىگە باش بولۇپ، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. تارىخ تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى «تارىخىي ھەمىدى»نى نەشرگە تەييارلاشتا مەزكۇر ئەسەردىن پايدىلانغان.
ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.
«زەپەرنامە». ئاپتورى: ماھمۇد ئەلىخان كەشمىرى. ماھمۇد ئەلىخان كەشمىرى 1850 — 1860 - يىللار ئارىلىقىدا كەشمىردىن خوتەنگە كېلىپ، خوتەن شەھىرىدە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1863 - يىلى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ياقۇپ بەگ خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ياقۇپ بەگ قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان. «زەپەرنامە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان مەزكۇر ئەسەر ياقۇپ بەگنىڭ ئالتىشەھەرنى بويسۇندۇرۇش غەلىبىسىگە ئاتاپ، ھىجرىيە 1284 - يىلى (مىلادىيە 1867 -، 1868 - يىللار) يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، 95 بەت،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر شېئىرىي ئەسەردە 1860 - يىللاردى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلى غەلىبە مېۋىسىنىڭ ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قانداق قو كەلتۈرۈلگەنلىكى، مۇشۇ جەرياندىكى خەلق تۇرمۇشىغا ئېلى كېلىنگەن پاراكەندىچىلىكلەر شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ئۆز زامانىسىدى ياتلارغا باش ئۇرۇپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئېزىدىغان زوراۋانلار سوپى - ئىشانلارغا بولغان نەپرەتلىنىش ھېسسىياتلىرى بايا قىلىنغان.

ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خامارا ماسامى «18 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئەسە ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى قىسقىچە ئېلان قىلغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھىندىستان لاۋازىمات مىنىستىرلىقىنىڭ كۇتۇپخانىسىد ساقلانماقتا.

«ئەسرارى خوتەن». ئاپتورى: باھائۇددىن ئەلەم. بۇ كىشىنىڭ ئۆمۈر پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. پەقەت مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» ئەسىرىنىڭ نەسرىي نۇسخىسىدا ئېيتىلىشىچە، باھائۇددىن ئەلەم يۇرۇڭقاشتا ئۆتكەن كىشى بولۇپ، 1890 — 1895 - يىللار ئارىلىقىد «سائادەتۇلئۇمرا (پادىشاھلارنىڭ سائادەتلىرى)» دېگەن نامدا 66 بابلىق بىر كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرۇڭقاشنىڭ مىڭبېگى يۇسۇپ بەگكە سۇنغانلىقى، 1936 - يىلى يۇسۇپ بەگھاجى بۇ كىتابنى مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىغا ئىمكانىيەت يار بەرگەند جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئېيتىپ ئامانەت بەرگەنلىكى مەلۇم. ئەپسۇسكى، مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى كىتابنى 1947 - يىلىغىچە ئوبدان ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇ مەزگىلدە گومىنداڭ ساقچىلىرى مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ باشق ماتېرىياللار بىلەن مەزكۇر كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە قايتا ئىز - دېرىكى بولمىغان. كىتابنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، «66 بابلىق زور ھەجىملىك ئەسەر» دېيىلگەن بولسىمۇ قانچە بەت ئىكەنلىكى مەلۇ

ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن باشلاپ، خوتەندە ھەببۇللاخان «ھاكىمىيىتى» تىكلەنگەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر، ئۇ جايلارغا پادىشاھ (ھۆكۈمدار) لىق قىلىپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، بەزى يۇرت ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ 24 - بابى مەخسۇس خوتەنگە ئاتالغان بولۇپ، «ئەسرارى خوتەن (خوتەن سىرلىرى)» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. خوتەنگە ئىسلام دىنى تارقىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىللەردىن باشلاپ، 1865 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي ۋەقەلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

بۇ كىتابنىڭ مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى قولىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن نۇسخىسىدىن باشقىمۇ نۇسخىلىرىنىڭ بار - يوقلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

«تەزكىرەئى خوتەن». ئاپتورى: ئاخۇن قېزىبەگ. ئاخۇن قېزىبەگنىڭ ھاياتىغا ئائىت تەپسىلىيرەك مەلۇمات بولمىسىمۇ، ياقۇپ بەگ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخ ماتېرىياللىرىدا، شۇنداقلا مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشىنىڭ ياقۇپ بەگ خوتەننى ئىگىلىگەندىن باشلاپ، ياقۇپ بەگ قوشۇنىدا پانساد (قوشۇن باشلىقى) ۋەزىپىسىدە بولغانلىقى، كېيىن ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناسلارغا قەدەر بېرىپ ئۇ جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقى، ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكى، ئاخۇن قېزىبەگنىڭ ليۇ جىنتاڭ قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەي، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە ئەل بولۇپ قورال تاپشۇرغانلىقى، كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى خوتەنگە قەدەر بولغان جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخۇن قېزىبەگنى خوتەندە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قويغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاخۇن قېزىبەگنىڭ «كېلەچەك ئەۋلادلارنى بۇ تارىخىي ۋاقىئەلەردىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن» مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما. بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى 1759 - يىلى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، 1879 - يىلى ئىككىنچى قېتىم ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەند يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنىڭ ئاخۇن قېزىبەگ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا (ئارىق ھاجىمدا) ساقلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«تەزكىرەئى ئىمامىي جەئفەرى تەيران ۋە ئىمامىي ئەفتەھ». ئاپتورى: رۇشىدى(؟). يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 174 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە چىرا ناھىيە چىرا يېزا مازاركۆل كەنتىگە جايلاشقان ئىمامىي جەئفەرى تەيران مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئىمامىي جەئفەرى تەيراننىڭ شام دىيارىدىكى ئىسلام ئۇرۇشىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، جەسىتىنىڭ مۇشۇ جايغا ئۇچۇپ كېلىپ، دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلىك ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىدىن بىر نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا 619 - نومۇر بىلەن، يەنە بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 271 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. خەلق ئىچىدىمۇ ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرى بار.

«تەزكىرەئى ئىمامىي جەئفەرى سادىق». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلي ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە نىيا ناھىيىسىنىڭ 70 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان قاپاق ئاسقان كەنتى تەۋەسىدىكى ئىمامىي جەئفەرى

سادىق مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەسەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىدىن ئىمامى باقىرنىڭ ئوغلى ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ماچىن (خوتەن) رايونىغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا توققۇز خاقان ۋە خالخال ماچىنلار بىلەن قىلغان جەڭلىرى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ خوتەن دەشتىدە شېھىت بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 0791 -، 656 -، 617 - نومۇر بىلەن، بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 281 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدە كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئىمامى ئاسىمخان خوجام». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، تىلى ئۇيغۇرچە.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان ئىمامى ئاسىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئىماملاردىن ھەزرىتى ئىمامى مۇھەممەد ھەنەفىنىڭ ئوغلى ئىمامى ئاسىمخاننىڭ ماچىن (خوتەن) رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىققا ئەگىشىپ كېلىپ، ماچىن پادىشاھى توققۇز خاقاننىڭ لەشكىرىي قوماندانلىرىدىن سەلسەبىل، قەھرىمانى تۇركلەر بىلەن ئېلىشقانلىقى، كېيىن ماچىن قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ تۇزاق قۇرۇشى بىلەن يېقىلىپ، ماچىن لەشكەرلىرىنىڭ نەيزىسى زەربىسىدە شېھىت بولغانلىقى، بۇ ۋاقىتنىڭ ھىجرىيە 148 - يىلى (مىلادىيە 765 - 766 - يىللىرى) باھار پەسلى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ تەزكىرىنىڭ قولىيازمىلىرى خەلق ئىچىدىن تېپىلىدۇ. كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ بار.

«تەزكىرەئى خوجا مۇھىب كوھمارى». ئاپتورى: خېلىل ئالائىددىن دەھبىدى. ھىجرىيە 1210 - يىلى (مىلادىيە 1785 — 1786 - يىللىرى) دەھبىددە يېزىلغان. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



134 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسى تەۋەسىگە — قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان تا ئۇستەڭدىكى كوھمارىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان خوجا مۇھسىب كوھمارىمنىڭ خوتەنگە كېلىپ ئىسلام ئېچىش ۋەقەلىرى ئاساس قىلىنغان تەرجىمىھالى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىدىن بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 671 - نومۇر بىلەن، بىر نۇسخىسى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان نۇرىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تەزكىرە ھىجرىيە 1335 - يىلى (مىلادىيە 1916 - ، 1917 - يىللىرى) تاشكەنت ئىسھاقىيە مەتبەسىدە بېسىلغان «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» دېگەن تەزكىرىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئى ھەفتە ئىمامىي ۋە ئىمامىي ئەفتەھ». ئاپتورى نامەلۇم. ئەسەر ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. قولىيازما تولۇق، 63 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى ئىمامىي ئەفتەھ مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن: ھەزرىتى ئىمامىي مۇھەممەد، ھەزرىتى ئىمامىي ئەھمەد، ھەزرىتى ئىمامىي ئىبراھىم، ھەزرىتى ئىمامىي ئەفتەھ، ھەزرىتى ئىمامىي ئىسمائىل، ھەزرىتى ئىمامىي نۇرىددىن، ھەزرىتى ئىمامىي سەيدىددىن قاتارلىق يەتتە ئىمامنىڭ قوشۇن باشلاپ مەدىنىدىن يۈرۈپ، ئىسپىھان، ھىرات، مەشھەد، خارەزم، بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەنلىكى،

قـەشـقـەر، يەركەن، خوتەنلەردە ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا بۇددىستلار بىلەن ئېلىپ بارغان سوقۇشلىرى، بۇ سوقۇشلار جەريانىدا يەتتە ئىماملارنىڭ شېھىت بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇلاردىن ئىمامىي ئەفتەھنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىيرەك يېزىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«تەزكىــرەئى ئىمامىي ئەفــتەھ». ئاپتورى نامەلۇم. ھىجـرىيە 1368 ـ يىـلـى (مىلادىيە 1948 ـ، 1949 ـ يىللىرى) ئىمىن ئىسمىلىك بىر خەتتات تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 140 بەت.

قــىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان ئىمامىي ئەفتەھ مازىرىغا بېغىشلانغان بولـۇپ، ئـۇنىڭدا قاراخانىيلار دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھردىن قەشقەرگە كـېـلىپ خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان تۆت ئىمامىي زەبىھۇللانىڭ ئاتىسى ئىمامىي ئەفتەھنىڭ بۇ رايونغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جەڭلىرى بايان قىلىنغان.

بـۇ ئـەسـەرنـىڭ ئىككى نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئـاكـادېـمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، بىر نۇسخىسى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان نۇرىدا، بىر نۇسخىسى قاراقاش ناھىيىسى سايباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ بىرلىكسەپ كادىرى قۇربانىيازدا ساقلانماقتا.

«تـەزكىرەئى ئىمامىي مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. قولىيازما، تىلى ئۇيغۇرچە.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئىمامىي ئەسكەر كەنتىگە جايلاشقان ئىمامىي ئەسكىرى مـازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەسەردە ھەزرىتى ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئىمامىي مۇھەممەد نەقتىنىڭ ئوغلى ئىمامىي مۇھەممەد ھـەسـەن ئـەسكىرىنىڭ ئىلگىرى ماچىن (خوتەن) رايونىدا ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ رايوندا ئىسلامنى قايتا جەۋلانغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، توققۇز خاقان

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئاخىرىدا شېھىت بولغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

بۇ تەزكىرىنىڭ مۇئەللىپ كۆرگەن بىر نۇسخىسى مەزكۇر مازارنىڭ ئەۋلاد شەيخى 80 ياشلىق ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە چىرايلىق يېزىلغان؛ قوليازمىنىڭ باش قىسمىدىن تۆت بەت يوقالغان، قوليازمىنى كۆچۈرگۈچى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت يېزىلمىغان، مەزكۇر قوليازمىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى (14 بەت) مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. خەلق ئارىسىدا كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئىمامىي غەززالى». ئاپتورى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان بىر نۇسخىسى (بەت سانى ئېنىق ئەمەس) ھىجرىيە 1368 - يىلى (مىلادىيە 1949 - يىللىرى) خوتەن شوما كەنتلىك جامال شىراز ئوغلى مۇھەممەتنىياز دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر تەزكىرە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىغا جايلاشقان ئىمامىي غەززالىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ھەزرىتى ئىمامىي مۇھەممەد غەززالى (1058 — 1111 - يىللار) نىڭ باغدادتىن ئاتلىنىپ خارەزم، قەشقەر، ئاقسۇ، يەركەن، خوتەنلەرگىچە لەشكەر تارتىپ، بۇ جايلاردا ئىسلام دىنىنى يىلتىز تارتقۇزۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، مۇشۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا ئىمامىي مۇھەممەد غەززالىنىڭ شېھىت بولغانلىقى يېزىلغان.

ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە بىر نۇسخىسى، لېنىنگراد ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا بىر نۇسخىسى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ئابلىز ئورخۇندا بىر نۇسخىسى (53 بەت) ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدىمۇ ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم.

«تەۋارىخنامە گۆركىتى». ئاپتورى: موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى. شائىر ۋە تارىخچى موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى 1853 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسى تەۋەسىدىكى ئەگلە كەنتىگە جايلاشقان «قوۋمى شەھىدان» دىكى بۇزرۇك قوزىۋام ئەۋلادلىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپ يېشىغا يەتكەن ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ «قوۋمى شەھىدان» تىلاۋەتخانىسىدا ئوقۇپ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىگەن، ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇپ، «مۇئەززەتنامە گۆركىتى» (گۆركىتىنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى)، «تەۋارىخنامە گۆركىتى»، «ۋەسىقنامە گۆركىتى»، «غەزەلىيات ۋە رۇبائىياتى گۆركىتى» قاتارلىق ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. 1938 - يىللىرى ھەج سەپىرىدە تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ قوليازمىلىرىنى سەپەردىشى باھائۇددىن مۇپتىئاخۇنۇمغا ئامانەت قىلغان. بۇ ئەسەرلەر سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مەرىپەتپەرۋەر يۇرتداشلارنىڭ ياردىمىدە چاپ قىلىنىپ يورۇق كۆرگەن. ئەنە شۇ چاپ نۇسخىلاردىن «ۋەسىقنامە تەرجىمىھالى»، «غەزەللەر تۇركۇمىدىن جۇزئىلەر» نامىدا ئاتالغان ئىككى ئەسەر ھازىر قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

شائىر ۋە تارىخچى موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى 1952 - يىلى كېرىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. «تەۋارىخنامە گۆركىتى» دېگەن ئەسەرنىڭ قانچىلىك ھەجىمدە ئىكەنلىكى، ھازىر قەيەردىلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئاپتورنىڭ بىر يۇرتلۇق زامانداشى، تارىخچى تۇرسۇنقارىي كېرىيەۋى 1912 - يىل يېزىپ قالدۇرغان كېرىيە تارىخىغا ئائىت «سەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە «تەۋارىخنامە گۆركىتى» ئەسىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «... مۇتتەقى زات، ساھىبى قەلەم

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



مولــلا ئىمىن گۆركىتى جانابلىرى كېرىيىنىڭ تارىخىدىكى كۆلا كەچمىشلەرنى ئىدىتلاپ تەسنىق ئېتىپ ماڭغاچقا، كەمىنە بۇ يەر سۆزنى مۇختەسەر قىلىپ، كىتابىمنى تامامىغا يەتكەن قىلدىم...» دە- يــازغــان. بــۇنــىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەخسۇس كېرىيە تارىخىغا ئاتالغان، كېرىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىنى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بەرگەن ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

«تۇرسۇن بوۋاي خاتىرىلىرى». ئاپتورى: تۇرسۇن بوۋاي

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار ئىشتىراكچىسى تۇرسۇن بوۋاي مىلادىيە 1818 - يىلى «ئالتە شەھەر» دە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى خوتەندە ياشاپ، ئەلنىڭ باياشاتلىقى، ئەركىن - ئازادلىكى ئۈچۈن يەك تۇرۇپ، «ئوق - نەيزە بىلەن مەشغۇل بولۇپ» ئۆتكەن پالۋان سۈپەت كىشىلەردىن بولۇپ، تۇرسۇن بوۋاي يىگىتلىك مەزگىللىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆز ئەسلىمىسىدە:

«ئاتا مىراس ئوق - نەيزىنى مەن ئېلىپ،
جەڭگە كىردىم مىڭ يىگىتكە باش بولۇپ...»

دېگىنىدەك، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مىللىي ئېزىلىشكە قارشى شانلىق كۈرەش تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا رۇسىيە تەۋەسىگە چىقىپ كېتىپ شۇ تەرەپتە ياشاپ، 1934 - يىلى ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۆزۈن ياغاچ يېزىسىدا 116 يېشىدا ۋاپات بولغان. رۇسىيىدە ياشىغان مەزگىللىرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن تارىخ كەچمىشلىرىنى نەزمىي شەكىلدە يېزىپ قالدۇرغان. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆتۈرۈلگەن مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى

مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ جەريانى، ئاپتورنىڭ شۇ قوزغىلاڭ جەريانىدىكى كەچمىشلىرى ئاساسىدا نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن قوشۇپ، «قازاق ئېلى» ژۇرنىلىنىڭ 1945 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«خوتەن». ئاپتورى: تۇرسۇن قارىي كېرىيەۋى. تارىخچى تۇرسۇن قارىي (بۇ يەنە «سەپەرنامە» ناملىق تەزكىرىنى يازغان تۇرغۇن قارىي كېرىيەۋى دېگەن كىشى بولسا كېرەك —— ت) كېرىيەۋنىڭ كېرىيىدە تۇغۇلۇپ، كېرىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە باشقا ئەھۋالاتلىرىغا ئائىت ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت 1910 - يىللىرى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرغان «خوتەن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان تارىخىي ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قاراپ، بۇ كىشىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئارىلىقىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئاپاق خوجا زامانىدىكى خوتەننىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن خوتەندىكى ھەرقايسى يۇرتلار، يوللار، بولۇپمۇ كەشمىردىن ئۆتىدىغان خوتەن - ھىندىستان يولى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە خېلى ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

«زىبائۇلقۇلۇب». ئاپتورى: مۇھەممەد ئېۋەز جوراس. بۇ ئەسەر ئەسلىدە ھىجرىيە 1012 - يىلى (مىلادىيە 1603 -، 1604 - يىللار) سەمەرقەندتە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، خوتەندە «شەۋقى» تەخەللۇسلۇق بىر ئەدىب تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يوقالغان. ساقلىنىپ قالغان قىسمى 342 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى


بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوجا ئىسھاق ۋەلىگە مەنسۇپ بولغان «ماشايىخلار»، «ئۆلىمالار» ۋە ئۇنىڭ شاگىرت «خەلىپە»لىرى بايان قىلىنىپ، خوجا ئىسھاق بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەھۋالى قوشۇپ بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئوخشاش ئىككى نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 767 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

«ئانسەتتالىبىن». ئاپتورى: مىرزا فازىل جوراس. بۇ ئەسەر ئەسلىدە پارسچە يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيە 1333 - يىلى (مىلادىيە 1914 -، 1915 - يىللىرى) ئابدۇرەھىم ئىبنى ئىسلام خوتەنى تەرىپىدىن خوتەندە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: بىر مۇقەددىمە، 61 باب ۋە بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەبنامىسى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، كاسان خوجىلىرى (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى) نىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 137 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

«كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار». ئاپتورى: موللا نازىم موللا نىيازى. شائىر، تارىخچى ھەم خەتتات موللا نازىم موللا نىيازى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىنى خوتەن شەھىرىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى، خەتتاتلىقنى پىششىق ئىگىلىگەن. 1910 - يىللىرىدىن باشلاپ تىرىكچىلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىن گۈلباغ رەستىسىدە كىتابپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن شەرق ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق قىسسە - داستانلارنى ۋە باشقا دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتسە، بىر

تەرەپتىن بۇلارنى ھاجەتمەنلەرگە سېتىپ روزىغارىنى تەۋرەتكەن.
1920 - يىللىرى ئەتراپىدا بۇرادەرلىرى مۇسا خوتەندى، نەۋرۇز يۇسۇپىلەر (بۇلارمۇ شۇ مەزگىللەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر) بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ۋە چىرىك ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن - ئازادە ۋە بەختىيار تۇرمۇش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يېزىپ، 20 - 30 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالغان. مۇشۇ جەرياندا يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى نەۋرۇز يۇسۇپى، مۇسا خوتەندى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئىززەت قەشقەرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ 1923 - ۋە 1924 - يىللىرى «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەنناملار بىلەن كىتاب قىلىپ باستۇرۇپ تارقاتقان.

«كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار» ناملىق بۇ تارىخىي خاتىرە ئەنە شۇ «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئاپتورنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەسەر 1921 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، مىخ مەتبە باسما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن، يەركەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلىرىدا يۈز بەرگەن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئىنگلىز، رۇس ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە سېتىلغان مۇناپىق خوجا-ئىشانلارنىڭ نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا ئىجاد قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ئايلانغان قىممەتلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرىنى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



كۆيدۈرگەن مۇناپىق سىېتىلمىلارغا نەپرەت ئوقۇپ مۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان: «بۇ، ئىلىممىزنىڭ ھېكمەت، مەرىپەت، مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بەربات قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىممىزنى يىلتىزىدىن قىرقىپ يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىر ئىپنىق پاكىتى. ئەي خالايىق! بۇ خىلدىكى قارانىيەت، نائەقىل، ناجىنس دۈشمەنلەردىن ھەزەرۇ ئېھتىيات قىلىڭلار!».

ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر ئالىمى روزى قادىرى ئارخىپىدا ساقلانماقتا.

«بۇرقۇم ئەۋلىيا». ئاپتورى: سۇلتانباي ھاجى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزا ئازغانسال كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەرىئەتشۇناس ئۆلىما، سوپىزم تارىخچىسى سۇلتانباي ھاجى تەخمىنەن 1850 - يىللىرى تۇغۇلۇپ 1929 - يىلى ئانا يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمۈر پائالىيەتلىرىدىن تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. ئەسەر 1929 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: سوپىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشى، شىنجاڭ رايونىغا سوپىزمنى تارقىتىشقا كۆچ چىقارغان مەشھۇر خوجا - ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن سوپىزمنى تارقىتىش، كېڭەيتىش يولىدا خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، يالغان مازار - ماشايىخلارنى ياساپ چىقىپ خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ئوغرىلىشى... ئاپتورنىڭ بۇ ئالامەتلەرگە قارىتا خېلى توغرا بولغان تەنقىدىي مۇلاھىزىلىك قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

«قىسسەئى ئەلى ئارسلانخان». ئاپتورى: موللا ئەيد. ئەسەرنىڭ يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 889 - نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان ھىجرىيە 1352 - يىلى (مىلادىيە 1932 -، 1933 - يىللىرى) خوتەندە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ جەريانى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار يېزىلغان بىر خاتىرە ماتېرىيالدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماتېرىيال 85 بەت. بۇنىڭدىن يەنە بىر نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا 0511 - نومۇر بىلەن ساقلانغان.

«خاتىرە». ئاپتورى: سابىر ھاجى. ئاپتورنىڭ كونكرېت ھاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 24 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە 1934 — 1938 - يىللار ئارىلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇلغان. شاھ مەنسۇر ۋەقەلىرى نۇقتىلىقراق بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

«جەھدىل مۇقىل» (كەمبەغەلنىڭ تاقىتى). ئاپتورى: قۇدرەتۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئۇشۇر. ئاپتورنىڭ خوتەن شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، ئۆمۈر پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. ھىجرىيە 1354 - يىلى (مىلادىيە 1935 -، 1936 - يىللىرى) يېزىلغان بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«شاھ مەنسۇر ھەققىدە قوشاق». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: 1933 - يىلى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولغان شاھ مەنسۇرغا ئاتاپ توقۇلغان قوشاقلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، شاھ مەنسۇرنىڭ قوزغىلاڭ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



جەرياندىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانماقتا.

«گۈلئەخمەر» . ئاپتورى: مەتسىدىق مەترېھىم. 1959 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: 17 بابلىق بۇ ئەسەردە چىرا ناھىيىسىدىكى گۈلاخما يېزىسىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئاۋاتلىشىش - تەرەققىي قىلىش تارىخى خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرنى مەنبە قىلغان ئاساستا شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ئاپتورنىڭ ئائىلىسىدە ساقلانماقتا.

«خوتەن ۋاقىئاتلىرى» . ئاپتورى: مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى. ئەسەر 1980 - يىللاردا يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 144 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەردە ھىجرىيە 1174 - يىلى (مىلادىيە 1760 -، 1761 - يىللار) دىن 1937 - يىلى ماخۇسەن قوشۇنى شىلىڭ شىمەي تەرىپىدىن يوقىتىلغانغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن كۆپ قېتىملىق قوزغىلاڭلار، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ پاجىئەلىك باستۇرۇلۇشى، ياقۇپ بەگنىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن خوتەندە يولغا قويغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ سېلىنىشى، شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىن مىنگو دەۋرىدە خوتەننى باشقۇرغان ھۆكۈمدارلار، بۇ جەرياندىكى خەلق تۇرمۇشى، 1930 - يىللاردىكى خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتى، ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«تارىخ» . ئاپتورى: موللانىيازخان ھاجى. موللانىيازخان ھاجى قاراقاشتا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ئىشان قارىي ھاجى ئائىلىسىدە

1923 - يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ خېلى يۇقىرى دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن. بۇ كىشى 1950 - يىلىدىن كېيىن دېموكراتىك زاتلار قاتارىدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1995 - يىلىغىچە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى، 1960 - يىللاردىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. «گۇڭ — غوجىلارنىڭ تارىخى» دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي ماتېرىياللارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1995 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى: 1995 - يىللار. تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما، 160 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئاپتور تەرىپىدىن «تارىخ» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەر ئۈچ باب، 15 پەسىلگە بۆلۈپ يېزىلغان بولۇپ، بىرىنچى بابىدا قارقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا، ئاقساراي يېزىلىرىدا ئۆتكەن ئېگىز ئېرىق خوجىلار ۋە مەۋلانە خەلىپەم ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبلىرى؛ ئىككىنچى بابىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ماڭلاي يېزىسىدىكى تاقسا كەنتىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما سۇبھانىيار ئىشاننىڭ نەسەبى ۋە ئەھۋالى؛ ئۈچىنچى بابىدا مەزكۇر سۇبھانىيار ئىشاننىڭ بالىسى ئىشان قارىي ھاجىنىڭ ئاتىسىنىڭ تەرىقەت يولىغا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالاتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

تەييارلىغان مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

«ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادىشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنخان غازى ۋە ياقۇپ بەگ». ئاپتورى: مۇھەممەد ئەلەم. كىتاب تۈرى: تارىخ. يېزىلغان ۋاقتى: مىلادىيە 1894 - يىلى دېكابىر. تىلى: ئۇيغۇرچە، چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان. پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان.

بۇ ئەسەر ئاساسلىق قىلىپ خوتەن خەلقىنىڭ 1864 - يىلىنىڭ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئالدىدىكى زۇلۇم ـ ستەملىرى، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى خوتەننىڭ ئىجتىمائىيىتى، باج تۇزۇملىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاددىي تىل بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دەھشەتلىك زۇلۇملارنى پاكىت ئارقىلىق سۆزلەپ، خوتەن خەلقىنىڭ چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇغان. تولىمۇ يۈرەكلىك بىلەن ھىيلە ـ نەيرەڭ پىرى ياقۇپ بەگكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. خوتەنلىكلەرنىڭ نەزىرى بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى سۆكۈپ، ياقۇپ بەگكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئەينى چاغدىكى خوتەن تارىخىنى بىلىش ۋە جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ كىتابنىڭ مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى بار:

(1) ئەينى چاغدىكى خوتەننىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئاددىي ۋە ئاممىباب بايان قىلغان.

(2) باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە تىلغا ئېلىنماي قالغان مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن، يەنى كۇچادىكى راشىددىن خوجىنىڭ خوتەنگە ئىككى مەرتەم لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايان مۇشۇ ئەسەردىن باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئۇچرىمايدۇ.

(3) خوتەندە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان ۋاقىت، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئېنىقسىز قالغان، ئەمما بۇ ئەسەردە مۇشۇ نۇقتىلار تولۇق خاتىرىلەنگەن.

(4) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

(5) ھازىر خوتەندە قوللىنىلىۋاتقان، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئەسلىي مەنىسى ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم يەر ناملىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى تەمىنلىگەن. مەسىلەن:

ئەسەردىكى يەر نامى　　　　　ھازىرقى ئاتىلىشى

| | |
|---|---|
| ئاتا جۇيە | ئاتچۇي (خوتەندە) |
| زەنگۇيە | زاڭگۇي (گۇمىدا) |
| زەۋا | زاۋا (قاراقاشتا) |
| بەلاماس | بالىماس (خوتەن ناھىيىسىدە) |
| توسانلا | توساللا (خوتەن ناھىيىسىدە) |
| سانپۇلا | سامپۇل (لوپ ناھىيىسىدە) |

(6) ئەسەردە خوتەن شېۋىسىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۆز مەنىسى ۋە ئۆز رېتى بىلەن بېرىلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» دە: «غۇلى نېمى دېيتۇ بۇ؟» دېگەن بىر جۈملىلا خوتەن شېۋىسىدىكى ئىبارە بېرىلگەن بولسا، بۇ ئەسەردە فونېتىكىلىق ۋە باشقا جەھەتتىن خوتەن شېۋىسىگە تەئەللۇق سۆزلەر خېلى كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەسەردىكى خوتەن شېۋىسى | ھازىرقى ئىستېمالى |
| قانسىياپ | قانسىراپ (قانسىراش) |
| دارۇ | دورا |
| ئەرشىب | ئەگىشىپ |
| بۆيرە | بۆرە |
| ئالايىدە | ئالاھىدە |
| گۇگۇت | سەرەڭگە، گۈڭگۈرت پوقى |

بۇ ئەسەر دەسلەپ رۇس ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى سابىق رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى سانكت ـ پېتېربۇرگ (سابىق لېنىنگراد) دىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان بولۇپ، بۇ نۇسخا (سانكت ـ پېتېربۇرگ نۇسخىسى) چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ قەشقەردىن يىغىپ ئەكەلگەن كىتابلىرى ئارىسىدىن ئۇچرىتىلغان ھەمدە تۇنجى بولۇپ ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد كۆرگەن. بۇ نۇسخىغا تېما قويۇلمىغاچقا، بارتولد «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخىنى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



د. ئى. تىخونوف، ئا. م. مۇگنوف، گ. م. ئىبراھىمووۋا قاتارلىق ئالىملار تەتقىق قىلغان. ئۇلار بۇ نۇسخىنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ ھاشىيىسىگە سېمپونوف يازغان: «ن. ف. پېترووۋسكىي يازدۇرغان» دېگەن ئىزاھاتقا ئاساسەن، «بۇ ئەسەر پېترووۋسكىينىڭ تەلىپىگە بىنائەن قەشقەردە يېزىلغانىكەن» دەپ قارىغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر يېزىلىپ تاماملانغان ۋاقتى بىلەن پېترووۋسكىينىڭ قەشقەردە تۇرغان ۋاقتى ئۇدۇل كەلمەيتتى.

بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر فرانسىيە ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان يەنە بىر نۇسخىسىنى ف. گرېنارد خوتەندىن پارىژغا ئاپارغان. بۇ «پارىژ نۇسخىسى» نىڭ فورماتى 22.5×17.4 بولۇپ، مۇقاۋىلانغان، 48 ۋاراق (96 بەتلىك)، رۇسىيىدە ئىشلەنگەن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا: «ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنخان غازى ۋە ياقۇب بەگ» دېگەن كىتاب ئىسمى يېزىلغان. بۇ نۇسخىنى ياپونىيىلىك ئالىم ھامادا ماسامى ئەپەندى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىپ، يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى «ھاكىمىيىتى» ۋە ياقۇپ بەگنىڭ خوتەننى ئىگىلىۋېلىش جەريانىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانلىقىغا؛ ئەسەرنىڭ خوتەن ۋەقەلىرىنى ئاساس قىلىپ، خوتەن شېۋىسى بويىچە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، رۇس ئالىملىرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دەپ نام قويۇشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىتابقا قايتىدىن «خوتەن تارىخى» دەپ نام قويغان. ئۇ كىتابنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ترانسكرىپسىيىسىگە قوشۇپ، فرانسۇزچە مۇقەددىمە، تەرجىمە ۋە ئىزاھات يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

ئۇنداقتا «سانكت - پېتېربۇرگ نۇسخىسى» بىلەن «پارىژ نۇسخىسى» ئوخشاشمۇ؟ قايسى نۇسخا مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ئۆز قولىيازمىسى؟ ھامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ سېلىشتۇرۇپ بايقىشىچە، «سانكت - پېتېربۇرگ نۇسخىسى» نىڭ 60 - بەت (ئالدى يۈزى) دىكى بىرىنچى قۇر كەمتۈك ياكى يېزىلماي قالغان. بۇ بىر قۇر «پارىژ نۇسخىسى» 48 - بېتىنىڭ 11 - قۇردىكى پۈتۈن بىر قۇر خەتكە توغرا

كەلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ «پارىژ نۇسخىسى» نىڭ 11 - قۇردىكى خەت ھەـقـىـقەتەن بەك تۆۋەنگە يېزىلىپ قالغان. ئەسلىدە پېتروۋسكىي گرېناردىنىڭ ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى تارىخقا دائىر بىر قوليازمىنى قولغا چـۈشۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قوليازمىنى ئارىيەت ئېلىپ قەشقەرلىك بىر موللىغا كۆچۈرگۈزگەن، موللا كۆچۈرۈش جەريانىدا بـىـر قـۇر خەتنى دىققەتسىزلىكتىن كۆچۈرمەي چۈشۈرۈپ قويغان. دېمەك، گرېناردىنىڭ قولىدىكىسى (پارىژ نۇسخىسى) مۇھەممەد ئەلەم ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىي قوليازمىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ چالا كۆچۈرمىسى بولغان «سانكت - پېتېربۇرگ نۇسخىسى» رۇس ئـالىملىرىنى ئۆزىگە «تارىخىي ئەمىنىيە»، «غازاد دەرمولكى چىن» دەك مايىل قىلالمىغان، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان.

مـەلۇمكى، 1887 - يىلى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگنى تارمار قىلىپ ئۆز ھۆكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى ۋە مۇقىم ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن 1884 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تىنچ، تۇرغۇن ۋەزىـيـەت شـەكـىـلـلـىـنىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە شـىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن 1864 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئالتە شەھەردىكى 12 يىللىق ھۆكۇمرانلىقى ھەققىدە 20 نەچچە پارچە نەزمىي ۋە نەسرىي ئۇسلۇبتىكى تـارىـخـىـي ئـەسـلـىـمـىـلـەر يېزىلدى. بۇ تارىخىي ئەسلىمىلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاساسەن ئۆز يۇرتىدىكى ۋەقەلەرنى مەركەز قىلىپ بايان قـىـلـغـان بـولـۇپ، بـاشقا يۇرتلاردىكى ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ياكى تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن خاتىرىلەپ چىققان بولغاچقا، مۇئەللىپىنىڭ يۇرتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئېنىق، تەپسىلىي ۋە ئىشەنچلىك، باشقا يـۇرتـلاردا يـۈز بـەرگەن ۋەقەلەر بولسا ۋاقتى، تەپسىلاتى ۋە باشقا مەزمۇنلار تولۇق خاتىرىلەنمىگەنىدى.

خـوتـەنـدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەم خوتەندە مەيدانغا كەلگەن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە ئۇنىڭ تولۇقلىمىسى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بولغان «تارىخىي ھەمىدى» دە مەلۇمات بېرىلگەن بولىسمۇ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى، قوزغىلاڭدىن كېيىنكى «بۆلۈنمە ھاكىمىيەت» نىڭ تەكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش تەپسىلاتلار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئېنىق، تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەنىدى. مانا بۇ بوشلۇقلارنى «ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادىشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىددىنخان غازى ۋە يەقۇب بەگ» دېگەن بۇ ئەسەر تولدۇردى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق. گرېنارد ئەسەرنى فرانسىيىگە ئاپارغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇھەممەد ئەلەم ھەققىدە توختىلىپ: «مۇئەللىپ 1847 - يىلى خوتەن شەھىرى (ئىلچى) دە تۇغۇلغان، ھەبىبۇللا (مۇپتى ھاجى) ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ئىزچىل خوتەندە ياشىغان. شۇڭا مۇشۇ دەۋرنىڭ خوتەندىكى شاھىتى. ئۇ خوتەندىكى ھەممە كىشىنى تونۇيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تۇرمۇشى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ھەم ناھايىتى ئەقىللىق كىشى بولغاچقا، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. ئۆز كۆزقارىشىنى مەردانە ھالدا ئوتتۇرىغا قويالىغان» دەپ باھا بەرگەن. بۇ باھادىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گرېنارد خوتەندە مۇھەممەد ئەلەم بىلەن ئەسرارلاشقان، گرېناردنىڭ تەلىپىگە بىنائەن مۇھەممەد ئەلەم ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرى ۋەقەلىرى ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى «تەرىخ 1311 - يىلىدا ماھىئى شەبان ئەلمۇ ئەززەمىنىڭ 18 نزىدە، يەكشەنبە كۈنىدە تەسنىف قىلىندى» دېگەن خاتىمىگە ئاساسلانغاندا، ئەسەر مىلادىيە 1894 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يېزىلىپ بولغان — يەنى مۇئەللىپ كىتابنى 47 يېشىدا تاماملاپ بولغان بولىدۇ. گرېنارد مۇئەللىپنى «تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن» دەيدۇ. ئەمما، مۇئەللىپىنىڭ ئىسمىغا قوشۇلغان «ئەلەم» ئاتىقى ئۇنىڭ ئەجدادىدىن ئاتا - بوۋىسىغا قىلىپ ئۆزىگە لەقەم بولۇپ قالغانمۇ ياكى ئىسمى

شۇنداقمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. ئېنىقكى، خوتەندىكى «ئەلەم» جەمەتى نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى خوتەندە كاتتا ئۆتكەن باي جەمەت. مۇئەللىپىنىڭ «تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن» بولۇشى «ئەلەم» جەمەتىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ «خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن»لىكى، ئەسەردىكى قەلەم پاساھىتى مۇئەللىپىنىڭ «ئەلەم» ئاتىقى ئۇنىڭ چوقۇم دىنىي - ئۆلىما زاتىدىن بولۇپ «ئەلەم»لىك ئاتىقىغا ھەقىقەتەن ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆمەرجان نۇرى تەييارلىغان

«خەزىنە». ئاپتورى: ئەھمەد قوتاي. تۈرى: تەزكىرە. يېزىلغان ۋاقتى: 1912 - يىل، پاتلىق خوتەن قەغىزىگە 18 قۇردىن يېزىلغان قولىيازما، 78 بەت. فورماتى 14cm × 18.

ئىقلىمپەرەس (جۇغراپىيە، يەرلىك تەزكىرە، مۇنەججىملىك بويىچە بىلىمدان) ئەرباب ئەھمەد قوتاي تەرىپىدىن قاراقۇرۇم ۋە قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان بۇ يەرلىك تەزكىرىلىك جۇغراپىيە كىتابى خوتەن رايونى غەربىي قىسمىم ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيىسى، زوئولوگىيىسى، بوتانىكىسى، ھاۋا رايى، سۇ رايى، بايلىقى، قاتناش، چېگرا ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئومۇمىي ھالىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك يەرلىك ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ قاراقۇرۇم — قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك بۆلىكىدىن بىر قىسمىنى مۇنداق كۆچۈرمە قىلىش مۇمكىن:

«... خوتەن تاغلىرى — قاراقۇرۇم (قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئىككى بۆلەك — ئىككى ئىقلىم، تۆت بەل تاغدۇر. ئىچكىرى تاغ مۇز تاغدۇر. تۇراقلىق كۆجۇم ھاياتلىق جايلىرى يوقتۇر ... ياز ئايلىرىدا نىمجان تىنالىقلار (ھاشارات)، ئۇچارلىقلار (قوش قانات)، گىياھلىقلار

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



(ئۆسۈملۈك) پەيدا بولۇپ، ئۇنۇپ كۆكلەپ قالىدىغان قاپچىغايلىقلىرى باردۇر ۋە لېكىن دايىمىسىزدۇر ... كىشىلەر بۇ ئىقلىمنى قاراقۇرام ... مۇز قۇرام ئاتايدىلەر ... يىللار ئارىلاپ، رىزقى - غەنىيمەت كۆزلەپ بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلارمۇ بار. ئەمما لېكىن، ساق كېلىپ ئامان كېتىدىغانلىرى ئازراقتۇر ... تاشقىرقى تاغ خىزىرنەزەر قىلغان، چوپانلار پادىلىرى ئاۋۇغان بەرىكەتلىك يۇرت — تاغدۇر. كىشىلەر ئەلمىساقتىن بېرى بۇ تاغنى ، قاراڭغۇ تاغ، قۇزتاغ، تەرسىكەي تاغ، (ئورمانلىق تەرسكەي تاغ — ئا) دەپ ئاتاپ كېلىپتۇلەر. ئىقلىمى يىگىرمە تۆتتۇر ... » .

هۆرمەتلىك جۇغراپىيۇن تاشقىرقى قاراقۇرۇم، يەنى قاراڭغۇ تاغ (20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ جۇغراپىيە چۈشەنچىمىزگە «كۇئېنلۇن» ، يەنى «كۇنلۇنسەن» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئالمىشىپ سىڭىپ تۇرغان «كۇئېنلۇن» تېغى) تىزمىلىرىنى 24 قۇراملىق ئۆكە ئىقلىمىغا (تاغ ئۇستى تېگى ئوچۇق قازان شەكىللىك تەكشىلىكىگە) بۆلۈپ خاتىرىلىگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: « ... قاراڭغۇ تاغ — تاختا قورۇم، ئاق قورۇم، بەل قورۇم، قوز قورۇم (تەرسكەي قورۇم — ئا) ، سار قورۇم (كۆنەس ياكى كونگەي قورۇم — ئا) ، غول قورۇم، قارا قورۇم، ئۇن قورۇم، پاۋان قورۇم، كوچ قورۇم، ئىس قورۇم، باش قورۇم، ئارت قورۇم، هاڭ قورۇم، مۇز قورۇم، قاش قورۇم، قار قورۇم، تۇز قورۇم، تۆش قورۇم، ئۇز قورۇم، لوش قورۇم، چالا قورۇم، كۆچ قورۇم، بوز قورۇم بۆلەكلىرىگە سۇپرا تاغدۇر ...» .

ئەھمەد قوتاي تارىختا نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن مەزكۇر 24 جايدىكى 24 مەشھۇر قوراملىق ئىقلىم — هازىرقى تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، چىرا، كېرىيە، نىيا ناھىيىلىرىنىڭ تېگى ئوچۇق قازان شەكىللىك سۇ خەزىنىلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرىدۇر.

مۇئەللىپ قاراقۇرۇمدا ئۆزى تەكشۈرۈپ بىلگەن گىياھلىقلار (ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلىك، چاتقال ... لىقلار) ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «تاختا قورۇم، ئاق قورۇم، بەل قورۇم ...

تەرەپلەردىلا (يەكەن، قاغىلىق تەۋەلىرىدىلا — ئا) قويۇق، تىتلىق دارىلار بار (قارىغايلىق ئورمان توقايلىرى بار — ئا)، تىتلىق دارىلارنىڭ جىقىدىن ھەسەل چىقىدۇ (قارىغايلىقلاردىن يازدا كۆپلەپ ھەسەل يىغىپ ئالغىلى بولىدۇ — ئا)، قالغان تاغلاردا تىت يوق...».

«قارقورۇم، قاراڭغۇ تاغ سوزۇلمىسىنىڭ قاغىلىق، يەركەن زېمىنلىرىدىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، يەنى 24 ئىقلىم يۇزىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئارتىش (ئارچا)، قاۋاق (ياۋا تال سۆگەت — ئا)، قېيىن، ماندار، غوچ، چۇشكۇن، پەشۋاخان، ئازغان، مالغۇن، تاغ تېرىكى، تال، قاراغات، ئالقات، قات... دەرەخلىرى بىلەن چالا دەرەخ (قاتتىق غوللۇق چاتقال) توپلىرى قويۇق ئۆسكەن ... كىلەپ، سېرىق، پۇيۇك، ياۋا، ياپچان، قانتېپەر (داڭسېن — ئا)، گۇلنەپشە، گۇلاپ، چىغ، قاراقات، چاكاندا، تەسكەن، سېرىق تەسكەن، توشقان پۇتوكى، يەر مەرىزى (موگو)، كۆۋرۈك، بۇيا، قوراي، ئەرمەن، قامغاق، يانتاق، يالپۇز، قىياق، شاپ، ساي قومۇشى، پىچان بولۇقتۇر ...».

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە قاراقورۇم — قاراڭغۇ تاغ يۇرتلىرىدا، يەنى مەھەللىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە لەڭگەر - ئۆتەڭ نۇقتىلىرىدا ھەر خىل تاغ تېرەكلىرى، تاغقا ماس ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ئامۇت، ئۇجمە، سۆگەت قاتارلىق قويما دەرەخلەرنىڭ ئىنتايىن تولىلىقىنى قەيت قىلىپ ۋە بۇ تاغنى تەرىپلەپ: «بىزنىڭ تاغ — باغ تاغدۇر ... سۇ، ھاۋا، گىياھ، ئۇچالىق، تىنالىق، ئادەمزات، ئىنس - جىن ... گە ئانا تاغدۇر، دۇنياغا خەزىنىدۇر ...»، دەپ يازىدۇ.

ئەھمەد قوتاي تەخمىنەن مىلادىيە 1850 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قوتاي (ھېلىمۇ كېرىيە ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسى، قاراقاش ناھىيىسى تەۋەلىكىدە «قوتاي مەھەللىسى» ‹قوداي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوداي — قۇشنىڭ نامى› بار. ئاپتور بۇلاردىن قايسى بىرىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس) دېگەن

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



يېرىدە تاغچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1870 - يىللارغىچە ئائىلىسىدە بالىلىق تىرىكچىلىكىنى ئۆتكۈزگەن. خوتەن ئىلچىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ قارىي قۇرئانلىققا (قۇرئان ساۋاتىغا) ئېرىشكەن، قەلەم ساۋاتى ئاشقان. 1872 - يىلىدىن ئېتىبارەن دادىسىنىڭ تاغچىلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىدا تاغچىلىق — يەنى قاشتاش ئىزدەش، تونۇش، قاشتاش كانلىرىنى تېپىش، ئېچىش؛ ئالتۇن كانلىرىنى ئىزدەش، ئالتۇن چايقاش، ئالتۇن قېزىش؛ ئىپار كېيىكلىرىدىن (خوتەن كېيىكلىرىدىن) ئىپار ئېلىش، دورىلىق گىياھلارنى تونۇش، يىغىش؛ قىممەتلىك مەدەنلەرنى، ئېسىل هايۋان تېرىلىرىنى، ئۇچارلىق، تىنالىقلاردىن ئېلىنىدىغان بايلىقلارنى يىغىش، ساقلاش، يۆتكەش، سېتىش ... كەسىپلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ زامان زالىملىرى زۇلمىدىن چۆچۈپ قېچىپ قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇشقان قەشقەرلىك «تاغ قاچقۇنلىرى» نى قوتقۇزۇش، تورمۇشلاندۇرۇش، يوشۇرۇش، يول باشلاش (دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش) تەك خەلقپەرۋەرلىك خىسلىتىنى ئىپادىلەپ بارغان. 1890 - يىللار ئەتراپىدا خوتەنلىك ئالتۇنچىلار ئارىسىدا هۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن سېلىقىنى مۆكۈۋېلىپ رەت قىلىش هەرىكىتى كۆتۈرۈلگەندە، ئەھمەد قوتاي دەرھال «ئالتۇنچى گادايى» لارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، كۆپلىگەن مۆكۈپ يۈرگۈچىلەرنى تىرىكچىلىك ۋە ئالتۇنچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ئەپلىك «مەخپىي ئىقلىم» ئادرېسلىرى بىلەن تەمىنلەپ، كۆپلىگەن «تاغ مۇساپىرلىرى» غا ئالتۇنچىلىق، ئوۋچىلىق، مەدەنچىلىك تىرىكچىلىكىنى ئۆگىتىپ، «ئەلنىڭ دۇئاسى» نى ئېلىپ تۇرغان. 1894 - يىل كۈزدە قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىنىڭ يىراق ئىچكى قىسمىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىغا «پوقرا سېلىقى»، «جان پوتوكى» سېلىقى يىغقىلى چىققان مانجۇ باسقاقلىرى (سېلىق يىغقۇچى چېرىك ۋە دورغىلار) غا قارشى تاغلىق خەلقلەرنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، يول، ئۆتكەللەرنى بۇزۇپ، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ

يــۇرۇپ، مـــانجۇلار ئۇچـۇن «ئىگىسىز جىنايـەت» تۇرلىرىنى كــۆپەيتىپ، بــۇلاڭچى باسقاقلارنىڭ تـاغدىن قۇرۇق كېتىش ۋە قـورقۇپ قـايتا بـارالماسلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، يـەرلىك خەلقلەرنىڭ شـان - شـۆھرىتىنى قـازانغان. دېمـەك، ئەھمەد قـوتاي قاراقـۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئىچكى دارىلىرىدا 30 يىللاپ ماكانلاپ، خـەلققە خىزمـەت قىلىپ، تاغلارنىڭ سىرىنى بـىلـىـپ، ئـەل ئـــارىسىدا «خىزىر»، «زېرەك تاغ بـاتۇرى»، «ئـىـقـلـىـمـپـەرەس»، «تـــاغ مـولـلىسى» لـەقەملىرى بىلەن شـۆھرەتلىنىپ ئۆتكەن زاتتۇر.

ئەھمەد قوتاي مىلادىيە 1911 - يىلى تاغدىن چۈشۈپ، ئانا يۇرتىغا قـايـتـىـپ 1912 - يـىلىدىن ئېتىبارەن قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ تـىـزمـىـلـىرى (جەنۇبىي تارىم ئىگىزلىكى) نىڭ ـــ يەنى غەربتە تاشقورغان زېمىنىدىكى تاغدۇمباش (چوگرى) ئېگىزلىكىدىن شەرققە سـوزۇلۇپ، شـەرقـتـىـكـى نىيا تاغلىرىنىڭ چـوققىسى ئۇستۇن ئېگىزلىكىگىچە سوزۇلغان 600 كىلومېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتىكى، 250 كـىـلـومېتىرلىق كەڭلىكتىكى تاغ سوزۇلمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تـۇرقـى، تۇزۇلمىسى، تەبىئىتى، بوتانىكىسى، زوئولوگىيىسى ۋە ئـومـۇمـىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بىلگەنلىرىدىن يـۇقىرىقى كـــتابنى يېزىپ تاماملىغان. مىلادىيە 1918 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى پۇشيا دېگەن يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«مـۇئەززەتنامە گوركتى». ئاپتورى: موللا ئىمىن گوركتى. دىداكتىك ئەسەر. يېزىلغان ۋاقتى: 1933 - يىللىرىدىن باشلاپ تاكى 1940 - يـىـللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. چاغاتايچە قولىيازما. فـورمـاتى: $18 \times 33$cm، 208 بـەت. سەئۇدى ئەرەبىستاندا چاپ قىلىنغان. پەند - نەسىھەت، ياخشىلىققا دالالەت، سائادەتكە كاپالەت قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان.

«تـارىـخـىـي ۋەتەن، ۋاقىياتى خوتەن». ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى. ژانىرى: تارىخ ـــ ئەدەبىيات. بۇ نەزمىي ئەسەر

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ھــــجرىيە 1368 ـ يىلى (مىلادىيە 1941 ــ 1949 ـ يىللىرى) يېزىلغان.

مەزمۇنى: تۈرك خانلىرى ۋە قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، خوتەننىڭ بىــنا بولۇشى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرى، شۇنداقلا ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى بايان قىلىنغان.

«كــىــتــابــەت ئــاقــىبى». ئاپتورى: بارات ئىبنى ئــىمــىــن (ئاقــىــبــى). 1957 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىللىرىغىچە يېزىلغان. 1011 بەتــلىك ئۇيغۇرچە قوليازما. جىلدلىنىپ كىتابەت قىلىنىپ ئىشلەنگەن. فورماتى: 34×50cm.

مەزمۇنى: مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا بەش بابقا بــۆلــۈنگــەن بــولــۇپ، 1 ـ بــابتا، مۇئەللىپ ئۆز نەسەبلىرىنىڭ قاتلىمى، ئۆز تــەرجــىمــىھــالى، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى، ئوقۇش يىللىرى، يېتىلىش جەريانى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

2 ـ بــابــتــا، ئــاپــتــورنىڭ جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق شائىر نــىــمــشــېــھــىت ئەرمىيە ئېلى داموللام بىلەن بولغان مالاقەتلىرى، ئالماشتۇرۇشقان ئەسەر، مەكتۇبلىرى، قويۇق ئەدەبىي مۇناسىۋەت ـ ئىش خاتىرىلىرى، نىمشېھىتنىڭ ئاقىبىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ بىرگە ئــۆتــۈش توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا سۇنغان تــىــلــەكــنــامىلىرى شــۇنداقلا، بــامەسلىھــەت ئىشلەپ ۋۇجــۇدقا چــىــقــارماقچى بــولــۇشقان ئەســەرلىرى تــوغرىسىدىكى كــەلگۈســى نــىــيــەت ـ مــەقــسەتلىرى، «مــەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قارا قــۇيــۇنىنىڭ تــالاپىتىگە تــەڭ ئۇچراپ، مــەھبــۇسلۇقتــا ئۆتكەن يىللىرى قــاتارلىقلار تــەپسىلىي بــايان قىلىنغان.

3 ـ بابتا، ئاقىبىنىڭ ئەدەبىيات ئالىمىدە زور شۆھرەت قازانغان شــاھ ئــەسەرلەرگە باش چــۆكــۈرۈپ تەھلىل ـ تــەھسىللەر ئېلىپ بــارغانلىقى، نــادىر ئەسەرلەرنىڭ مەكتەپلىك رولىدىن كــەڭ دائىرىلىك كــىــتــابىي بايلىقا ئېرىشكــەنلىكى شــۇنداقلا ئــايرىم كلاسسىكلارغا قــارىتا تەقرىز ئېلىپ بارغانلىقى، خــاتىرىلەر يــازغانلىقى، ئــۇلارغا

ياندىشىپ ئەسەر تۈزۈپ ئۆتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلغان.

4 - بابتا، تارىخىي مەنبەلەردە نەۋبەتنىڭ مۇپەسسەل بىر «دىۋانى» نىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا كۆرە، شۇنىڭ ئىزناسىنى تېپىش مەقسىتىدە ئۇزۇن يىللىق سىجىل ئاختۇرۇشقا لايىق نەتىجە — ئۇنۇملەرگە ئېرىشىپ، نەۋبەتنىڭ بەزى ئەسەرلىرىگە مالىك بولالىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار ماتېرىيال پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىلگەن.

5 - بابتا، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى ئىجاد ئەتكەن ئىجادىيەتلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادىي پىلانلىرىنىڭ مۇندەرىجىلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ ئورىگىناللىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئاخىرىغا ئاپتورنىڭ «خوتەن قىسسىسى»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن.

«كېرىيە تارىخىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار». ئاپتورى: بارات ئىبنى ئىمىن (ئاقىبى). 1969 - يىلى يېزىلغان 207 بەتلىك قولىيازما. فورماتى: 17×30cm.

بۇ قولىيازمىدىن بىر بۆلۈك پارچىلار «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» (كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 2002 - يىلى باستۇرۇلغان) نىڭ 2 - توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

---



بارات ئىمىن 1944 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، بىر قاتار ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «ئاقىبى» (ۋارىسلىق قىلغۇچى) بولۇپ، دەسلەپكى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



شېئىرلىرى 70- يىللاردىن كېيىن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ 80 - يىللارنىڭ بېشىدا نىمشېھىت ۋە كلاسسىك شائىر نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم قولىيازمىلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان. كلاسسىك كىتابلارنى تۈرگە ئايرىپ، كاتولوگ ئىشلىگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاسار ئەتىقە ئورنىدا ئىشلەش داۋامىدا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - رەتلەشكە قاتناشقان، 2004 - يىلى دىم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى.

«باھار دانىش». مۇھەممەتئىمىن تۈردى نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرىياتى 1999 - يىل 12 - ئاي نەشرى.